# ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىنىڭ
# ئىزاھلىق لۇغىتى

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

## 1999 ـ يىلى نەشر قىلىنغان (1 ـ نەشرى)

«ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئىزاھلىق لۇغىتى» (قىسقارتىلمىسى)نى تۈزۈش ۋە تەھرىرلەش خىزمىتىگە قاتناشقۇچىلار

مەسئۇل مۇھەررىرلەر: ئابلىز ياقۇپ، غەنىزات غەيۇرانى

تۈزگۈچىلەر: ئابلىز ياقۇپ، غەنىزات غەيۇرانى، ئىسمائىل قادىر
ھەمدۇللا ئابدۇرەھمان ئىمام، ئابلىز ئەمەت، پەرھات نۇر
ئەسقەر ئابدۇقادىر، ئابدۇزاھىر تاھىر، ئابلىكىم رېھىمجان

## 2011 ـ يىلى نەشر قىلىنغان (2 ـ نەشرى)

«ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئىزاھلىق لۇغىتى» (قىسقارتىلمىسى)نى تۈزۈش خىزمىتىگە قاتناشقۇچىلار

باش تۈزگۈچىلەر: ھەمدۇللا ئابدۇرەھمان ئىمام، پەرھات نۇر، ئەسقەر ئابدۇقادىر

تۈزگۈچىلەر: ئابلىز ياقۇپ، غەنىزات غەيۇرانى، ئىسمائىل قادىر
ھەمدۇللا ئابدۇرەھمان ئىمام، پەرھات نۇر، ئابلىز ئەمەت
ئەسقەر ئابدۇقادىر، ئابدۇزاھىر تاھىر، ئابلىكىم رېھىمجان

图书在版编目(CIP)数据

维吾尔语详解辞典：缩编本/ 海木都拉·阿布都热合曼等编著. — 乌鲁木齐：新疆人民出版社，2010.11
ISBN 978-7-228-13933-0

Ⅰ.①维… Ⅱ.①海… Ⅲ.①维吾尔语（中国少数民族语言）—辞典 Ⅳ.H215.6

中国版本图书馆 CIP 数据核字(2010)第214532号

# 维吾尔语详解辞典（缩编本）

（新疆维吾尔自治区民族语言文字工作委员会编）

主　　编　海木都拉·阿布都热合曼·伊玛目，帕尔哈提·努尔，艾斯卡尔·阿布都卡德尔
编　　著　阿布力孜·牙库甫，艾尼扎提·艾尤拉尼，司马义·卡德尔，海木都拉·阿布都热合曼·伊玛目
　　　　　帕尔哈提·努尔，阿布力孜·艾买提，艾斯卡尔·阿布都卡德尔，阿布都扎伊尔·塔伊尔
　　　　　阿布力克木·热合木江
责任编辑　买买提江·马合木提，阿里木江·塔依尔
特约编辑　地里夏提·苏理旦
编　　辑　艾克巴尔·艾力
责任校对　伊力亚斯·热依祢
装帧设计　王洋
封面题字　阿地力江·阿依提
出版发行　新疆人民出版社
地　　址　乌鲁木齐市解放南路348号
电　　话　0991-2827472
邮　　编　830001
经　　销　新疆维吾尔自治区新华书店
印　　刷　北京盛通印刷股份有限公司
开　　本　880×1230毫米 1/16
印　　张　91.25
版　　次　2011年11月第1版
印　　次　2011年11月第1次印刷
印　　数　5000册
定　　价　220.00 元

# كىرىش سۆز

ھەممىگە مەلۇمكى، تىل ئىنسانلارنىڭ ئەڭ مۇھىم ئالاقە قورالى. ئىنسانلارنىڭ بارلىق پائالىيىتى تىلدىن ئايرىلالمايدۇ. تىل جەمئىيەتنىڭ مۇھىم بىر ئالاقە قورالى بولۇش سۈپىتى بىلەن يەنە جەمئىيەتنىڭ تەرەققىي قىلىشىغا ئەگىشىپ ئۈزلۈكسىز تەرەققىي قىلىپ تۇرىدۇ. بىر مىللەتنىڭ ھەرقايسى ساھەلەردە مەيدانغا كەلگەن يېڭى شەيئى، يېڭى ئۇقۇملارنى ئۆزىدە ئەكس ئەتتۈرۈپ، ئىنسانلارنىڭ ئالاقە ئېھتىياجىغا ئۇيغۇنلىشىدۇ. تىلنىڭ لۇغەت تەركىبى ھەرقايسى دەۋرلەردىكى ئۆزگىرىشلەرنى ئۆزىدە ناھايىتى تېز ئەكس ئەتتۈرىدىغانلىقى ئۈچۈن، بىر مىللەت تىلىنىڭ ئومۇمىي لېكسىكا تەرەققىياتى شۇ مىللەتنىڭ ماددىي مەدەنىيلىك ۋە مەنىۋى مەدەنىيلىك تارىخىغا جانلىق گۇۋاھ بولالايدۇ. شۇڭا، بىر مىللەت تىلىنىڭ مۇكەممەلرەك ئىشلەنگەن ئىزاھلىق لۇغىتى شۇ مىللەتنىڭ مەنىۋى مەدەنىيلىك تارىخىدا زور بىر بۇرۇلۇش، يەنى زور بىر مۆجىزە بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. تىل بىر مىللەتنىڭ بارلىق ئەزاسى ئۈچۈن ئورتاق قورال. كىشىلەر مۇشۇ قورالغا تايىنىپ بىر - بىرىنى چۈشىنىدۇ، ھېسسىيات ئالماشتۇرىدۇ. شۇڭا، تىلنى توغرا چۈشىنىش، توغرا قوللىنىش ئىنتايىن مۇھىم. دېمەك، تىل بىر مىللەتنىڭ پۈتمەس - تۈگىمەس خەزىنىسى بولغانىكەن، بىر تىلنىڭ ھەممە بايلىقىنى بىلىدىغان بىرەر شەخسنىڭ بولۇشى مۇمكىن ئەمەس. ھەرقانداق بىر تىلدا، شۇ تىلنىڭ ئەزالىرى ئۈچۈن ئورتاق بولغان لۇغەت فوندىدىن باشقا، كونىرىغان سۆزلەر، تارىخىي سۆزلەر، مەلۇم ئەزالار ئۈچۈنلا خاس كەسپىي سۆزلەر، دىيالېكتلىق پەرقلەر، شەخسلەرگە خاس ئىستىلىستىكىلىق ئىشلىتىشلەر، قېلىپلاشمىغان تەركىبلەر، ھەتتا خاتا قوللىنىشلارمۇ مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ. بۇ ھال ئوقۇش - ئوقۇتۇش، كىنو - تىياتىرچىلىق، رادىيو - تېلېۋىزىيە، ئاخباراتچىلىق، نەشرىياتچىلىق ئىشلىرىدا — قىسقىسى شۇ تىلنى قوللانغۇچى بارلىق كىشىلەرنىڭ كۈندىلىك ئالاقىلىرىدە نۇرغۇن قىيىنچىلىقلارنى پەيدا قىلىدۇ. بۇ قىيىنچىلىقلارنى ھەل قىلىش ئۈچۈن، ئەدەبىي تىلنىڭ سۆز بايلىقىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ، ئۇنىڭ مەنە ئالاھىدىلىكلىرىنى ئەتراپلىق ھەم تەپسىلىي چۈشەندۈرۈپ بېرىدىغان، ئىملا، گىرامماتىكا ۋە ئىستىلىستىكىلىق نورمىلىرىنى كۆرسىتىپ بېرىدىغان بىر قورال كىتاب ئىنتايىن زۆرۈر بولىدۇ. بۇ قورال كىتاب دەل ئىزاھلىق لۇغەتتۇر.

شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق مىللەتلەر تىل - يېزىق خىزمىتى كومىتېتى لۇغەت باشقارمىسى يۇقىرىقى ئېھتىياجنى كۆزدە تۇتۇپ، 2008 - يىلى شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى بىلەن ھەمكارلىشىپ، 1999 - يىلى نەشر قىلىنغان «ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئىزاھلىق لۇغىتى» (قىسقارتىلمىسى) نى تولۇقلاپ ئىشلەش خىزمىتىنى قولغا ئالغانىدۇق. شۇنىڭ بىلەن مەزكۇر «ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئىزاھلىق لۇغىتى» تولۇقلاپ تۈزۈلۈپ ئاخىر روياپقا چىقتى، بىزنىڭچە، بۇ لۇغەت ھازىرغا قەدەر تۈزۈلگەن ئىزاھلىق لۇغەتلەر ئىچىدىكى بىرقەدەر پۇختا ئىشلەنگەن ئىزاھلىق لۇغەت بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

پارتىيە ۋە ھۆكۈمەت ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئۆز ئانا تىلىنى پۇختا ئىگىلىگەن ۋە ئۇنىڭغا ۋارىسلىق قىلغان ئاساستا قوش تىللىق بولۇشىنى تەكىتلەۋاتقان بۈگۈنكى كۈندە «ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئىزاھلىق لۇغىتى»نىڭ يەنىمۇ مۇكەممەللەشكەن ھالدا تۈزۈلۈپ نەشر قىلىنىشى زور خۇشاللىق ئىشتۇر. بۇ لۇغەتنىڭ تۈزۈلۈشى ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىنى قېلىپلاشتۇرۇش، ئۆلچەملەشتۇرۇش ئاساسىدا ئومۇملاشتۇرۇش،

بىر مىللەتنى بىر تىل ئاستىغا ئۇيۇشتۇرۇش، بىر مىللىي تىلدىكى خىلمۇخىل چۈشەنچە ـ ئۇقۇملارنى بىرلىككە كەلتۈرۈش ھەم تېگىشلىك دەپ قارالغان بەزى دىيالېكت سۆزلىرىنى ئەدەبىي تىل دەرىجىسىگە كۆتۈرۈش ئارقىلىق ئەدەبىي تىلنى بېيىتىش جەھەتلەردە زور ئەھمىيەتكە ئىگە.

1999 ـ يىلى نەشر قىلىنغان «ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئىزاھلىق لۇغىتى» (قىسقارتىلمىسى) ئالىي، ئوتتۇرا تېخنىكوم ۋە ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇتقۇچى ـ ئوقۇغۇچىلىرى، ئاخبارات، نەشرىيات خادىملىرى، تىل ـ يېزىق خادىملىرى، ئىجتىمائىي پەن، تەبىئىي پەن خادىملىرى، تۈركولوگلار، ئۇيغۇر تىلىغا قىزىققۇچى ۋە ئۇنى ئۆگەنگۈچىلەرنىڭ مۇكەممەل ھەم ئىخچامراق بىر ئىزاھلىق لۇغەتكە بولغان ئېھتىياجىنى كۆزدە تۇتۇپ، بۇرۇن نەشر قىلىنغان ئالتە توملۇق «ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئىزاھلىق لۇغىتى»نى تولۇقلاش، ئىخچاملاش ۋە تۈزىتىش ئاساسىدا تۈزۈپ چىقىلغانىدى. ئۇ لۇغەت ئوقۇرمەنلەر بىلەن يۈز كۆرۈشكەندىن كېيىن، يېقىنقى زامان ئۇيغۇر مەدەنىيەت تارىخىدىكى تۇنجى قېتىملىق زور ئىلمىي ئەمگەك بولۇشىغا قارىماي، مەملىكەت ئىچى ۋە سىرتىدا قىزغىن قارشى ئېلىندى ھەم يۇقىرى باھاغا ئېرىشتى. چەت ئەللەردىكى ئۇيغۇر تىلىغا قىزىققۇچى ئالىملارمۇ ئۆزلىرىنىڭ لۇغەتكە بولغان يۇقىرى باھاسى ۋە سەمىمىي ئۈمىدلىرىنى بىزگە يەتكۈزدى. كەسپداشلىرىمىز مەزكۇر لۇغەتتە كۆرۈلگەن بەزى مەسىلىلەر توغرىسىدا ئۆزلىرىنىڭ قىممەتلىك پىكىر ـ تەكلىپلىرىنى بەردى. بىز بۇ پىكىر ـ تەكلىپلەر ئاساسىدا بۇ لۇغەتنى قايتىدىن تولۇقلاپ تۈزۈپ چىقتۇق. مۇشۇ مۇناسىۋەت بىلەن شۇ كەسپداشلىرىمىزغا ئالىي ئېھتىرام بىلدۈرىمىز ھەم چىن كۆڭلىمىزدىن رەھمەت ئېيتىمىز. يېڭى تۈزۈلگەن بۇ نۇسخىغا 60 مىڭ ئەتراپىدا تۈپ سۆز، ياسالما سۆز، قاتقان سۆز ۋە بىرقىسىم تۇراقلىق بىرىكمىلەر، دىيالېكت سۆزلىرى ھەم بىر قىسىم ئۇيغۇر مىللىي ھۈنەر ـ كەسىپ ئاتالغۇلىرى كىرگۈزۈلدى. لېكىن، شۇنى ئېتىراپ قىلىشىمىز كېرەككى، لۇغەتچىلىك تەتقىقاتى ۋە ئىش ئەمەلىيىتىدە چېنىقىشىمىز يېتەرلىك بولمىغاچقا، بۇ لۇغەتتىمۇ مەلۇم خاتالىقلار، يېتەرسىزلىكلەر ساقلىنىپ قېلىشى مۇمكىن. ئوقۇرمەنلەرنىڭ مەزكۇر لۇغەتتە ساقلانغان خاتالىق ۋە يېتەرسىزلىكلەر ئۈستىدە تەنقىدىي پىكىر بېرىشىنى قىزغىن قارشى ئالىمىز.

تۈزگۈچىلەردىن

2011 ـ يىلى 10 ـ ئاي

## مۇندەرىجە


ئا ........................ 1
ئە ........................ 68
ب ........................ 104
پ ........................ 179
ت ........................ 243
ج ........................ 365
چ ........................ 394
خ ........................ 449
د ........................ 482
ر ........................ 535
ز ........................ 557
ژ ........................ 576
س ........................ 577
ش ........................ 658
غ ........................ 693
ف ........................ 713
ق ........................ 722
ك ........................ 817
گ ........................ 900
ڭ ........................ 928
ل ........................ 929
م ........................ 948
ن ........................ 1039
ھ ........................ 1073
ئو ........................ 1118
ئۇ ........................ 1148
ئۆ ........................ 1173

ئۇ ........ 1195
ۋ ........ 1206
ئې ........ 1225
ئى ........ 1250
ي ........ 1311

قوشۇمچە

ئۇيغۇر تىلىدىكى قوشۇمچىلار ........ 1399
خەلقئارا تاۋۇش بەلگىلىرى ........ 1420
ئۇيغۇر يېزىقىدىكى ھەرپلەر بىلەن خەلقئارا ترانسكرىپسىيە بەلگىلىرىنىڭ سېلىشتۇرمىسى ........ 1421
يۇلتۇزلار ۋە بۇرجلار ........ 1422
يىگىرمە تۆت مەۋسۇم ........ 1425
قەمەرىيە ۋە شەمسىيە كالېندارى بويىچە ئايلارنىڭ ناملىرى ........ 1426
قىتئەلەر، مەملىكەتلەر، رايونلار ۋە ئۇلارنىڭ پايتەختلىرى، مەركەزلىرى ۋە پۇللىرى ........ 1427
ئۆلچەم بىرلىكلىرى ........ 1439
ئاتوم ئېغىرلىقى جەدۋىلى ........ 1445

# لۇغەتنىڭ تۈزۈلۈشى ھەققىدە

1. لۇغەتكە كىرگۈزۈلگەن بارلىق سۆزلەر باش ماددا، ياردەمچى ماددا قىلىپ ئورۇنلاشتۇرۇلدى. باش ماددىغا تۈپ سۆزلەر، بىرىككەن سۆزلەر، جۈپ سۆزلەر، قاتقان سۆزلەر (ئادەتتە، كۈندە...)، كۆپ ئۇچرايدىغان دىيالېكت سۆزلەر كىرگۈزۈلدى. ياردەمچى ماددىغا تۇراقلىق بىرىكمىلەر (كۆچمە مەنىلىك تۇراقلىق بىرىكمىلەر، بىردىن ئوشۇق سۆزدىن تۈزۈلگەن ئاتالغۇلار، ئادەت سۆز بىرىكمىلىرى)، مۇستەقىل ئىشلىتىلمەيدىغان سۆزلەرنىڭ ئاتالغۇ يول بىلەن پەيدا بولغان شەكىللىرى (دۈچ كەلمەك...) كىرگۈزۈلدى. باش ماددىلار قۇر بېشى قىلىپ ئورۇنلاشتۇرۇلۇپ، چوڭ قارا ھەرپ بىلەن بېرىلدى، ياردەمچى ماددىلارمۇ ئىزاھ بىلەن تەڭ قۇرغا ئورۇنلاشتۇرۇلۇپ، چوڭ قارا ھەرپ بىلەن بېرىلدى.

2. ياردەمچى ماددا باش ماددىنىڭ ئاستىغا قويۇلدى. باش ۋە ياردەمچى ماددىلار ھەرقايسىسى ئۆزئارا ئىنچىكە ئېلىپبە تەرتىپىدە تىزىلدى.

3. ئاھاڭداش سۆزلەر ئايرىم ماددا قىلىپ ئېلىنىپ، رىم رەقەملىرى بىلەن ئايرىپ كۆرسىتىلدى. مەسىلەن:

**پاك** I شى. گاس.

**پاك** II سۈپ. قاتار ئويۇنلىرىنىڭ بىر خىلى.

**پاك** III سۈ ـ، پاك بوغداي.

**پاك** نەق ـ

4. يېزىلىشى ئوخشاش، ئەمما ئوقۇلۇشىدا مەلۇم سوزۇق تاۋۇشنى سوزۇپ ئوقۇش ئارقىلىق پەرقلەندۈرۈلىدىغان سۆزلەر ئايرىم ـ ئايرىم ماددا قىلىپ ئېلىندى. ئىرناق ئىچىگە شۇ ماددا ئېلىنىپ سوزۇپ ئوقۇلىدىغان تاۋۇشتىن كېيىن سوزۇلما سوزۇق بەلگىسى (:) قويۇلدى. مەسىلەن:

**ئاچا** I **(ئاچماق)**

**ئاچا** II **(ئا: چا ھەدە)**

**ئارا** I **(ئۆزئارا)**

**ئارا** II **(ئا: را ـــ سايمان)**

5. بىر قىسىم ئىككى بوغۇملۇق سۆزلەرنىڭ ئىككىنچى بوغۇمىدىكى ئېغىز سوزۇق تاۋۇش شۇ سۆزگە قوشۇمچە قوشۇلغاندا تەلەپپۇزدا چۈشۈپ قالىدۇ. شۇنداق سۆزلەرنىڭ چۈشۈپ قالغاندىن كېيىنكى شەكلى ئۈچىنچى شەخس بىلەن كۆرسىتىپ قويۇلدى. مەسىلەن:

**شەكىل (شەكلى)**

**كۆڭۈل (كۆڭلى)**

**جىسىم (جىسمى)**

**قىسىم (قىسمى)**

**بۇرۇن (بۇرنى)**

6. بىر ۋە كۆپ بوغۇملۇق سۆزلەرنىڭ ئاخىرقى بوغۇمىدىكى «ئا، ئە» تاۋۇشلىرى قوشۇمچىلار قوشۇلغاندا ئاجىزلاشمىسا، ئىرناق ئىچىگە ئاخىرلاشمايدىغان شەكلى 3 ـ شەخستە كۆرسىتىپ قويۇلدى. مەسىلەن:

ماتا (ماتاسى)
بالا II (بالاسى)

7. بىرىككەن سۆزلەرنىڭ بۇرۇنقى مۇستەقىل مورفېمىلىرى چوڭ تىرناق ئىچىدە كۆرسىتىلىدى.

ئاشتاختا ئى [ ئاش + تاختا]

كۆزئەينەك ئى [ كۆز + ئەينەك]

قارىمۇچ ئى [ قارا + مۇرچ]

تەرجىمىھال ئى (تەرجىمە + ھال)

8. تۈپ سۆزلەرنىڭ قايسى سۆز تۈركۈمىگە تەۋەلىكىنى كۆرسىتىدىغان قىسقارتىلما سۆزلەر بېرىلدى. ئۇلار تۆۋەندىكىچە:

| | |
|---|---|
| ئال | ئالماش |
| باغ | باغلىغۇچى |
| پ | پېئىل |
| تەق | تەقلىد |
| تىر | تىركەلمە |
| رەۋ | رەۋىش |
| سان | سان |
| سۇپ | سۇپەت |
| مىق | مىقدار سۆز |
| ئى | ئىسىم |
| ئىم | ئىملىق |
| يۆك | يۆكلىمە |

9. سۆز تۈركۈملىرىنى بىلدۈرىدىغان قىسقارتىلمىلار ھەممە مەنە تۈرلىرىگە خاس بولسا، بىرىنچى مەنە تۈرىنى بىلدۈرىدىغان رەقەمنىڭ ئالدىغا قويۇلدى. خاس بولمىسا، تېگىشلىك مەنە تۈرلىرىنىڭ ئالدىغا قويۇلدى.

10. پەقەت چەتتىن كىرگەن سۆزلەرنىڭ ئېتىمولوگىيەسى بېرىلدى. ئېتىمولوگىيەلىك قىسقارتىلمىلار ئوتتۇرا تىرناق [ ] ئىچىگە ئېلىندى. ئۇلار تۆۋەندىكىچە:

[ئە] ئەرەبچە
[پ] پارسچە
[خەن] خەنزۇچە
[ر] رۇسچە
[گىرېك] گىرېكچە
[گول] گوللاندچە
[لات] لاتىنچە
[نېم] نېمىسچە
[فىران] فىرانسۇزچە
[ھىند] ھىندىچە
[ئىتال] ئىتالىيانچە
[ئىنگ] ئىنگلىزچە

[ئىسپان] ئىسپانچە

[سانس] سانسكرىتچە

[ياپون] ياپونچە

11. مەلۇم بىر تىلدىن ئۇيغۇر تىلىغا كىرگەن سۆزنىڭ ئەسلىسى يەنە باشقا بىر تىلدىن كىرىپ ئۆزلەشكەن بولسا، كېلىپ چىقىش بەلگىسى (<) ئارقىلىق كۆرسىتىپ قويۇلدى. مەسىلەن:

**ئامبۇلاتورىيە** ئى (ر < لات)

**باندىت** ئى (ر < ئىتال)

12. مەلۇم ئىلىم - پەن ياكى مەلۇم بىر ساھەگە خاس بولغان سۆزلەرگە، زۆرۈر تېپىلغاندا، قىسقارتىلما سۆز بىلەن قايسى پەن ياكى ساھەگە تەۋە ئىكەنلىكى كۆرسىتىپ قويۇلدى. لۇغەتتە ئىشلىتىلگەن قىسقارتىلما سۆزلەر تۆۋەندىكىچە:

1. <ئارخېئول> ئارخېئولوگىيە
2. <ئانات> ئاناتومىيە
3. <ئاستر> ئاسترونومىيە
4. <ئەد> ئەدەبىيات
5. <بوت> بوتانىكا
6. <بىيول> بىيولوگىيە
7. <بىن> بىناكارلىق
8. <پەلس> پەلسەپە
9. <پسخول> پسخولوگىيە
10. <تارىخ> تارىخ
11. <تەن> تەنتەربىيە
12. <تېب> تېببىي ئىلىم
13. <تىل> تىل - يېزىق
14. <تىيا> تىياتىر
15. <جۇغ> جۇغراپىيە
16. <چار> چارلاش - قىدىرىش
17. <خىم> خىمىيە
18. <دىن> دىن
19. <سودا> ئىچكى - تاشقى سودا
20. <سۇ> سۇ ئىشلىرى
21. <س ئىق> سىياسىي ئىقتىساد
22. <فىز> فىزىكا
23. <قاتن> قاتناش - ترانسپورت
24. <قا> قانۇن ئىشلىرى
25. (كىنو> كىنو ۋە فوتوگرافىيە ئىشلىرى
26. <گ سەن> گۈزەل سەنئەت
27. <گېئول> گېئولوگىيە
28. <لوگ> لوگىكا

29. <مائار> مائارىپ

30. <مات> ماتېماتىكا

31. <ماشىن> ماشىنىسازلىق

32. <مەت> مەتبۇئاتچىلىق

33. <مۇز> مۇزىكا

34. <مېتېئور> مېتېئورولوگىيە

35. <ھەرب> ھەربىي ئىشلار

36. <ئورم> ئورمانچىلىق

37. <ئۇس> ئۇسسۇل

38. <ئۆلچ> ئۆلچەش ئىشلىرى

39. <ئىر> ئىرسىيەتشۇناسلىق

40. <ئىرق> ئىرقشۇناسلىق

13. ئىلىم ـ پەن ياكى مەلۇم ساھەگە خاس قىسقارتىلما سۆزلەر ھەممە مەنە تۈرىگە خاس بولسا، بىرىنچى مەنە تۈرىدىن كۆرسىتىدىغان رەقەمنىڭ ئالدىغا قويۇلىدۇ؛ پەقەت ئايرىم مەنە تۈرىگە خاس بولسا، شۇ مەنە تۈرىنى كۆرسىتىدىغان رەقەمدىن كېيىن قويۇلىدۇ.

14. سۆزلەرنىڭ ئىستېمال دائىرىسى، زۆرۈر تېپىلغاندا، قىسقارتىلما سۆز بىلەن ئېنىقلاپ قويۇلىدۇ. مەسىلەن:

| | |
|---|---|
| ئايال | ئاياللارغا خاس سۆزلەر |
| جان ت | جانلىق تىل |
| دىيال | دىيالېكت سۆز |
| سەلب | سەلبىي مەنىدىكى سۆز |
| يېزت | يېزىق تىلى، يەنى كىتابىي سۆز |
| تىل ھا | تىل ـ ھاقارەت، قارغىش سۆزى |
| كونا | كونىرىغان سۆز |
| تارس | تارىخىي سۆز |
| بال س | بالىلار سۆزى |

15. لۇغەتكە كىرگۈزۈلگەن ھەربىر سۆزنىڭ مەنىسى قىسقا ۋە ئېنىق قىلىپ ئىزاھلاندى. سۆز مەنىلىرىنى ئىزاھلىغاندا ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدا كەڭ قوللىنىلىۋاتقان مەنىلىرى ئاساس قىلىندى.

16. لۇغەتكە كىرگۈزۈلگەن پېئىللار ئىسىمداشنىڭ «ماق \\ مەك» شەكلىدە ئېلىنىدى. پېئىل دەرىجىلىرى ئاساسەن بىر دەرىجە بويىچە ئېلىنىپ، گىرامماتىكىلىق ئىزاھ بېرىلدى.

17. بىردىن ئوشۇق مەنىگە ئىگە بولغان سۆزلەرنىڭ ھەربىر مەنىسى رەت تەرتىپى بويىچە «① ...... ② ...... » دېگەن رەقەملەر بىلەن ئايرىلدى.

18. سۆزنىڭ كۆچمە مەنە بۆلەكلىرىگە قويۇلغان رەقەمدىن كېيىن «كۆچمە» دەپ ئەسكەرتىپ قويۇلىدۇ. مەسىلەن:

**بۇلغىماق** پ ① كىر، پاسكىنا قىلماق ... ② كۆچمە. داغ چۈشۈرمەك. قارا سۈركىمەك ...

19. ئوخشاش مەنىلىك سۆزنىڭ ئاز قوللىنىلىدىغىنى كۆپ قوللىنىلىدىغىنىغا؛ كونىرىغان سۆز ھازىرقى قوللىنىلىۋاتقىنىغا؛ ئۆزى مۇستەقىل قوللىنىلماي، پەقەت باشقا سۆزلەر بىلەن بىرىكىپ كەلگەندىلا مەنە

بېرىدىغان سۆزلەر سۆز بولغاندا، ئۇنىڭ مەنىسى بىرىكمىگە «→» بەلگىسى ئارقىلىق ھاۋالە قىلىنىدى. مەسىلەن:

**ئىما ـ ئىشارە → ئىما ـ ئىشارەت**

**ئىمپېرىيالىزم → جاھانگىرلىك**

**دۈچ → دۈچ كەلمەك**

20. سۆزلەرنى ئىزاھلىغاندا مەنە دائىرىسىنى ياكى ئۇلارنىڭ سىنتاكسىسلىق مۇناسىۋىتىنى چەكلەشكە توغرا كەلسە، ئىزاھتىن بۇرۇن ياكى كېيىن تىرناق ئىچىدە ئېنىقلىما بېرىلدى. مەسىلەن:

ئاچ II سۈپ. قېنىق، توق ئەمەس؛ سۇس (رەڭ ھەققىدە): ......

21. كونكرېت شەيئىلەرنىڭ ئىسمىنى بىلدۈرىدىغان سۆزلەردىن باشقا، لۇغەتكە ئېلىنغان سۆز ۋە تۇراقلىق بىرىكمىلەرنىڭ ھەربىر كونكرېت مەنىلىرىنى ئىسپاتلايدىغان قىسقا مىساللار بېرىلدى. بىر سۆزنىڭ مەنىسىدە ئۆزگىرىش بولماي، سۆز تۈركۈمىدىلا ئۆزگىرىش بولسا، ئىككى خىل سۆز تۈركۈمى ۋەزىپىسىدە كەلگەن جۈملە مىساللىرى ئېلىنىدى. جۈملە مىساللىرى ئارىسىغا ئىككى قىيپاش ياكى يانتۇ سىزىق (//) قويۇلدى.

## ئۇيغۇر يېزىقىنىڭ ئېلىپبە تەرتىپى

| | | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|
| ئا | ئە | ب | پ | ت | ج | چ | خ |
| د | ر | ز | ژ | س | ش | غ | ف |
| ق | ك | گ | ڭ | ل | م | ن | ھ |
| ئو | ئۇ | ئۆ | ئۈ | ۋ | ئې | ئى | ي |

# ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئىزاھلىق لۇغىتى (قىسقارتىلمىسى)

(شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق مىللەتلەر تىل - يېزىق خىزمىتى كومىتېتى تۈزگەن)

---


**باش تۈزگۈچىلەر:** ھەمدۇللا ئابدۇرەھمان ئىمام، پەرھات نۇر، ئەسقەر ئابدۇقادىر

**تۈزگۈچىلەر:** ئابلىز ياقۇپ، غەنىزات غەيۇرانى، ئىسمائىل قادىر، ھەمدۇللا ئابدۇرەھمان ئىمام، پەرھات نۇر
ئابلىز ئەمەت، ئەسقەر ئابدۇقادىر، ئابدۇزاھىر تاھىر، ئابلىكىم رېھىمجان

**مەسئۇل مۇھەررىرلىرى:** مۇھەممەتجان مەخمۇت، ئالىمجان تاھىر

**تەكلىپلىك مۇھەررىرى:** دىلشات سۇلتان

**مۇھەررىرى:** ئەكبەر ئېلى

**مەسئۇل كوررېكتورى:** ئىلياس رەھىمى

**مۇقاۋا لايىھەلىگۈچى:** ۋاڭ ياڭ

**مۇقاۋا خېتىنى يازغۇچى:** ئادىلجان ئايىت

**نەشر قىلىپ تارقاتقۇچى:** شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

**ئادرېسى:** ئۈرۈمچى شەھىرى جەنۇبىي ئازادلىق يولى 348 ـ نومۇر

**تېلېفون:** 0991 - 2827472

**پوچتا نومۇرى:** 830001

**ساتقۇچى:** شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق شىنخۇا كىتابخانىسى

**باسقۇچى:** بېيجىڭ شېڭتۇڭ مەتبەئەچىلىك پاي چەكلىك شىركىتى

**فورماتى:** 1230 × 880 مىللىمېتىر 1/16

**باسما تاۋىقى:** 91.25

**نەشرى:** 2011 ـ يىلى 11 ـ ئاي 1 ـ نەشرى

**باسمىسى:** 2011 ـ يىلى 11 ـ ئاي 1 ـ بېسىلىشى

**تىراژى:** 1 — 5000

**كىتاب نومۇرى:** ISBN 978 - 7 - 228 - 13933 - 0

**باھاسى:** 220.00 يۈەن


---